يېڭى بىلىم كۈتۈپخانىسى

—— بالىلار بىلىم خەزىنىسى



# ئوماق هايۋانلار



www.uyghurkitap.com

يېڭى بىلىم كۈتۈپخانىسى

—— بالىلار بىلىم خەزىنىسى



# ئوماق هايۋانلار



تەرجىمە قىلغۇچى: قەلبىنۇر قادىر ئارسلان

**شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى**

**شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى**

www.uyghurkitap.com

丛 书 名　新知识图书馆·幼幼知识全库
书　　名　可爱的动物
翻　　译　卡丽比努尔·卡德尔·阿尔斯兰
责任编辑　希尔艾力·玉山
校　　对　克尤木·吐尔逊
封面设计　党红
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787mm×1092mm　1/24
印　　张　4
版　　次　2009 年 7 月第 1 版
印　　次　2009 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-940-9
定　　价　12.00 元

# توشقان

فېرملاردا بېقلۋاتقان ئۆي توشقانلرى قۇرۇق ئوت، سەۋزە قاتارلقلارنى يېيىشنى ياخشى كۆردۇ. ئەمما، تەبىئەت قويندا چوڭ بولغان ياۋا توشقانلار پەقەت ئوت ـ چۆپلا يەيدۇ.





فېرملاردا توشقان لاپاسلاردا بېقلدۇ.

بۇنىڭ ئىچدە، ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقاننىڭ يۇڭى هەم ئۇزۇن، هەم يۇمشاق كېلدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كۈركه توخۇ

كۈركه توخۇ ئۆي هايۋانلرى ئچده تەن تۈزۈلۈشى ئالاهده چوڭ بر تۈر. ئۇنڭ تۈرقى ئنتاير ئۆزگچه.





ئەركەك كۈركه توخۇ توزغا ئوخشاش قانتنى ئېچپ، ئۆزنى كۆز - كۆز قلدۇ.

كۈركه توخۇ قوقوقالاپلا يۈردۇ.



# ئات

ئات ئوتخور هايۋان. سانائەت تەرەققىي قىلمىغان ۋاقىتلاردا، ئات دائىم ئېتىزلىقلاردا تېرىلغۇ ئىشلىرىغا سېلىناتتى.





بۇنداق بەستلىك، پاكار ھەم سېمىز ئاتلار ئاساسەن فېرمىدا ئىشلەيدۇ.

چەبدەس، سەزگۈر ھەم ساغلام ئاتلار مۇسابىقىلەرگە قاتناشتۇرۇلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۆچكە

ئۆچكە ئوت ـ چۆپ ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى تىنىمسىز، تە
دۆڭلەرگە چىقىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





ئۆچكە دائىم مەرەپ تۇرىدۇ.

تېكىنىڭ مۈڭگۈزى چىشىنىڭكىدىن چوڭراق بولىدۇ.



# قوي

قوينىڭ بەدىنى ھەم ئۇزۇن، ھەم قويۇق يۇڭ بىلەن قاپلانغان. ئۇ ئوت يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





قوشقارنىڭ چىرايلىق بۇرمىسىمان مۈڭگۈزى بولىدۇ.

كىشىلەر ھەر يىلى ئۇنىڭ يۇڭىنى بىر قېتىم قىرقىيدۇ.



www.uyghurkitap.com

# بۆرە

بۆرە سوغۇق بەلۋاغ ئورمانلىقى ۋە بىر قىسىم تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ. ئۇلار توپلىشىپ ياشا
ياخشى كۆرىدۇ.





قىش پەسلىدە بۆرىنىڭ تۈكىنىڭ رەڭگى سۇسلىشىپ كېتىدۇ.

بۆرە كېچىدە سىرتتا ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار تېخى قور-قۇنچلۇق ھۇۋلايدۇ.



# تۈلكە

تۈلكە ئاساسەن ئورمانلىق، قۇملۇق، شۇنداقلا ئېدىرلىق(تۆپىلىك) لاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئاڭلاش ۋە پۇراش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر.





تۈلكە بەزىدە توشقان كامىرىنى چوڭايتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسى قىلىۋالىدۇ.

يېزىلاردا تۈلكە دائىم ئۆي هايۋانلىرىنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ - دە، ئۇلارنى ئولجىغا ئالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# مارال

مارالنڭ كۆپنچسننڭ مۇڭگۇزى بولمايدۇ، يېڭى تۇغۇلغان بۇغا موزييننڭمۇ مۇڭگۇزى بولمايدۇ.





يېڭى تۇغۇلغان بۇغا موزييننڭ تېرسده ئاق داغ بولدۇ.

بر يل ئۆتكەندن كېين، بۇغا موزييغا ئاستا ـ ئاستا مۇڭگۇز چقدۇ.



# بۇغا

بۇغىنىڭ بېشىدا ئىنتايىن چىرايلىق شاخسىمان مۈڭگۈزى بولۇپ، تاج تاقىۋالغاندەك كۆرۈنىدۇ.





بۇغىلار ئۆزىنىڭ زېمىنـ
نى قوغداش ئۈچۈن دائىم
ئۆزئارا ئېلىشىپ تۇرىدۇ.

هەر يىلى 2 ـ، 3 ـ
ئايلاردا، بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىـ
نىڭ هەممىسى چۈشۈپ كەتـ
كەندىن كېيىن، يەنە يېڭى
مۈڭگۈز ئۆسۈپ چىقىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# تيين

تييندىن ئىبارەت بۇ كىچىك ھايۋان دەرەختە ياشايدۇ. ئۇ دەرەختكە بەك تېز يامىشالايدۇ ياكى نـاھاي
چاقىقانلىق بىلەن بىر شاختىن يەنە بىر شاخقا سەكرىيەلەيدۇ.





تـيين ئـانا بالـىلىرىـغا ئۇۋا ياسىماقتا.

ئۇلار ئورمان ياڭقى ۋە باشقا قاتتىق پوستلۇق مېۋىلەرنـى غـاجىلاپ يـېيىشنـى ياخشى كۆرىدۇ.



# سېرىق ئاغمخان

سېرىق ئاغمخاننىڭ تېنىمۇ، بوينىمۇ ئۇزۇن، بېشى ئىنتايىن كىچىك. ئۇ ناھايىتى ئىشتىھالىق بولغاچقا، ۋاقتىنى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.





سېرىق ئاغمخان بەزىدە قۇش تۇخۇمنى ئوغرىلاپ يەيدۇ.

ئۇلار يەنە قارىغۇ چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ. ئەمما، كۆپىنچە سېرىق ئاغمخانلار چاشقان تۇتۇپ يەيدۇ.



# سېسىق كۆزەن

سېسىق كۆزەننىڭ تېنى چوڭراق. ئۇ خەتەرگە يولۇققان ھامان كۆشەندىسىگە سېسىق پۇراق قويۇپ بې رىدۇ. ئولجا تۇتمىغان چاغلىرىدا ئۇۋىسىدا تۈگۈلۈپ ياتىدۇ.





ئۇ سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولۇپ، بېلىق يېيىشكە ئامراق.



بەزى چاغلاردا سېسىق كۆزەن ئۆي ھايۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارغا تەھدىت سالىدۇ.

# بورسۇق

بورسۇق بىلەن سېسىق كۈزەن ئائىمخانىلار ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ تېنى ئىنتايىن چوڭ. بورسۇق پاكىز ھايۋان بولۇپ، دائىم ئۇۋىسىنى تازىلاپ تۇرىدۇ.





بورسۇق كۈندۈزى ئۇۋىسىدا ئۇخلىسا، كېچىسى سىرتقا چىقىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ.

ئۇ سازاڭ، يېشىل پاقا ۋە كەسلەنچۈك يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



# ئېيىق

ئېيىق يالغۇز يۈرىدىغان ھايۋان. ئۇ ئارقا پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ تىرناقلىرى ئۆتكۈر كۈچلۈك.





ئېيىق ھەسەل يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇ دائىم دەرەخ كاۋاكلىرىدىن ھەسەل كولاپ يەيدۇ.

ئۇ بېلىق تۇتۇش ماھىرى، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدىنمۇ بېلىق تۇتالايدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۈشۈكئېيىق

مۈشۈكئېيىق ئېيىققا ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇ ناھايىتى ياۋاش. ئۇ ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ بامبۇكزارلىقلىرىدا ياشايدۇ. ئۇ ھەر كۈنى نۇرغۇن ۋاقتىنى قورساق تويغۇزۇشقا سەرپ قىلىدۇ.





مۈشۈكئېيىق ئاساسلىقى بامبۇكنىڭ يۇمران شاخلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

بالا مۈشۈكئېيىق سېرىكچىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار دەرەخكە يامىشالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# چاشقان

چاشقان غاجىلىغۇچىلارغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆي چاشقىنىنى بەزى كىش
ئۆيدىلا كۆرەلەيدۇ. ئۇلار تولىمۇ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا قانداقلا نەرسە بولسا يەۋېرىدۇ.





ئۆي چاشقىنى بىلەن ئاق چاشقان بىر قېتىمدىلا نۇرغۇن بالا تۇغىدۇ.

ئۆي چاشقىنى ھەتتا سۇلياۋ تۇرۇبا ۋە قەغەزنىمۇ يەيدۇ.



# تولۇم چاشقان

ئۇ چاشقانغا ئوخشاش غاجىلغۇچىلارغا كىرىدىغان بولۇپ، ئادەتتە دالىدا ياشايدۇ، دەرەخ قوۋزاقلىرىنى، شۇنداقلا ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





كۈز پەسلىدە ئۇ ئۇۋۇدىسىغا نۇرغۇن ئوزۇقلۇق توپلىۋېلىپ، قىشتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلىدۇ.

ئۇ ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن يول قازىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۇزۇن تۇمشۇق يەرقازار

ئۇزۇن تۇمشۇق يەرقازار چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ تۇمشۇقى چاشقانىنىڭكىدىن ئۇزۇن. بەزى ئۇزۇن تۇمشۇق يەرقازارنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن (قۇيرۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) 3.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.





ئۇنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ھاشاراتلار.

كىچىك ئۇزۇن تۇمشۇق يەرقازارلار سىرتقا چىققاندا سەپتىن چۇشۇپ قالماسلىق ئۇچۇن، بىر-بىرىنىڭ كەينىگە بىرى چىڭ چاپلىشىپ ماڭىدۇ.



# كرپە

كرپىنىڭ تېنى قاتتىق تىكەن بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئادەتتە باغلاردا ياشايدۇ. قىش كۈنلىرى كرپە دەرەخ يوپۇرماقلىرى دۆۋىسىدە ياكى ئۆڭكۈرلەردە ئۇخلايدۇ.





كرپە خەتەرنى سېزىپلا قالسا، تېزلىكتە تۈگۈلۈۋېلىپ، ئۆزىنى قوغدايدۇ.

كرپە كىچىك بولسىمۇ، زەھەرلىك قارا يىلانغا ھۇجۇم قىلالايدۇ.



# ئۆڭكۈر توشقىنى

ئۆڭكۈر توشقىنىنىڭ دۈمبىسىدىكى تۈكلىرى قوڭۇر، قورساق قىسمىدىكىسى سارغۇچ ئاق رەڭدە بولىد
ئۇلارنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، بىر ئانا ئۆڭكۈر توشقىنى بىر يىلدا تەخمىنەن 50نى تۇغالايدۇ.





ئۆڭكۈر توشقىنى ئادەتتە يەردىن كامار كولاپ شۇ يەردە تۇرىدۇ.

ئۇلار دائىم زىرائەتلەرنى غاجلاپ يەپ، دېھقانلارغا زىيان سالىدۇ.



# ياۋا توشقان

ياۋا توشقاننىڭ تۇرقى ئۆي توشقىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئارقا پۇتى بىلەن قۇلىقى ئۆي توشقىنىنىڭكىدىن ئۇزۇنراق. ياۋا توشقان كۆپىيىش مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتتا يالغۇز ياشايدۇ.





ياۋا توشقان خەتەرگە يولۇققاندا، تېز سۈرئەتتە سەكرەپ يۈگۈرەيدۇ. ئۇنىڭ سائەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى 80 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

ياۋا توشقان يەر يۈزىدىن ئاددىي ئۇرا كولاپ، شۇ يەرگە ماكانلىشىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قارىغۇ چاشقان

قارىغۇ چاشقاننىڭ كۆزى تازا ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما، ئۇ ھەم يوغان، ھەم كۈچلۈك پۇتى بىلەن ئورەك كولاپ، سازاڭ تۇتۇپ يېيەلەيدۇ.





قارىغۇ چاشقان ئادەتتە يۇمشاق ئۇۋىسىدا بالا تۇغۇپ، باللىرىنى باقىدۇ. ئۇ بىر قېتىمدا 2 ــ 5 كىچە تۇغىدۇ.

ئۇلار كولاپ ئالغان توپىنى ئورەكنىڭ يېنىغا دۆۋىلەپ، ئۇۋا ياسايدۇ.



# كەسلەنچۈك

كەسلەنچۈك دائىم ئۈچرايدىغان بىر خىل ئۆمىلىگۈچى ھايۋان. ئۇ تاش ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىشقا ئامراق بولۇپ، ھاشاراتلارنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.





كۆپىنچە كەسلەنچۈكلەر تۇخۇم تۇغىدىغان ھايۋانلار تۈرىگە كىرىدۇ.

كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىنىڭ يېرىمى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يەنە ئۆسۈپ چىقىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قۇلۇله

قۇلۇله بىر خىل يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. بەدىنىدە قاتتىق قاپ بار بولۇپ، ئۆزى بىلەن تەڭ چوڭىيىدۇ.



لىماكس باغ قۇلۇلىسى قېپى يوق يۇمشاق تەنلىك ھايۋانغا كىرىدۇ.



قۇلۇله يامغۇر ياغقاندا، قېپىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ.



قۇلۇله ئادەتتە ئورەكتىن ياسالغان ئۇۋۇسىغا تۇ-
خۇملايدۇ.

# كېپىنەك

كېپىنەكنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ. رەڭگىمۇ ھەر خىل. بىز دائىم چىرايلىق كېپىنەكلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.





كېپىنەكنىڭ تۇخۇمى ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ كىچىككىنە تۇخۇم تۇكلۇك قۇرتقا ئايلىنىدۇ. تۇكلۇك قۇرت كۆپ قېتىم ئۆزگىرىپ، قورچاققا ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كېپىنەككە ئۆزگىرىدۇ.

# دالىدىكى ھايۋانلار

سىز بۇ ئىككى پارچە رەسىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ ئاندىن بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ هايۋانلارنىڭ قايسىسى يامغۇردا سەيلە قىلىشقا ئامراق؟ قايسىسى يەرگە كامار كولايدۇ؟ قايسىسى بېشىنى يەرگە قارىتىپ ئۇخلايدۇ؟



www.uyghurkitap.com

# يېشىل پاقا

يېشىل پاقا ئاساسەن كۆلچەك ياكى دەريا بويلىرىدا ياشايدۇ ھەم ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. لېكىن، بـ تۈردىكى يېشىل پاقىلار ناھايىتى قۇرغاق جايلاردا ياشايدۇ.





يېشىل پاقىنىڭ تۇخۇمى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇمچاقلارغا ئايلىنىدۇ.

يېشىل پاقا خەتەرگە ئۇچرىغان ھامان سەكرىگىنچە قېچىپ كېتىدۇ.



# شەپەرەڭ

شەپەرەڭ قۇش ئەمەس. ئەمما، ئۇ ئۇچالايدۇ. ئۇنىڭ چوڭلۇقى چوڭ چاشقانچىلىك كېلىدۇ. ئۇ تاغ ئۆڭ-كۈرلىرى ياكى دەرەخ كامارلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ.





شەپەرەڭ كۈندۈزلىرى تەتۈر ئېسىلىپ ئۇخلايدۇ.

شەپەرەڭ كېچىلىرى سىرتقا چىقىپ، ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# قۇندۇز

قۇندۇزنىڭ چىشى دەرەخ شېخىنى چىشلەپ سۇندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان قورالى. ئۇلار سۇندۇرۇۋالغان دەرەخ شاخلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە ئۇۋا سالىدۇ.





قۇندۇزنىڭ 40 سانتىمېتىر تومۇلۇقتىكى دەرەخنى غاجاپ سۇندۇرۇشىغا تەخمىنەن ئىككى سائەت كېتىدۇ.

قۇندۇز بۇ دەرەخ شاخلىرى ۋە لاي بىلەن دەرياغا دامبا ياسايدۇ.



# قۇندۇز ۋە قاما

قۇندۇز كۆل ۋە دەريا قاتارلىق تاتلىق سۇدا، قاما ئاساسلىق دېڭىزدىكى دېڭىز يۇسۇنلىرى ئارىسىدا لەيلەپ يۈرۈپ ياشايدۇ.





قۇندۇز كىچىك تاشلار بىلەن قۇلۇلە قېپىنى چېقىپ يەيدۇ.

قاما سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئوزۇقلۇق تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ئوزۇقى — بېلىق.









دالدىكى قىرغاۋۇللار
ئېكىنزارلىقلار ۋە چاتقال-
لىقلاردا ياشايدۇ.

فېرمىدا بېقىلغان قىرغا-
ۋۇللار توخۇ ۋە ئۆردەكلەر
بىلەن بىللە ياشايدۇ.





# ئورمان كەكلكى

ئورمان كەكلكى ئېتىز قرلرىغا ئۇۋا سالدۇ. مول هوسۇللۇق پەسل يېتىپ كەلگەندە، ئورمان كەكل
باللرىنى ئېلىپ بۇ يەردىن ئايرىلدۇ.





بالا ئورمان كەكلكى چۇمۇلە تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

بالا ئورمان كەكلكلرى تۇغۇلغان كۇندىن باشلاپ ئەركەك ئورمان كەكلكى چىشى ئورمان كەكلكگە يار-دەملشىپ ئۇلارغا قارايدۇ.



# كەپتەر

كشلەر ئادەتتە شەھەردكى باغچلاردا ۋە مەيدانلاردا كەپتەرنى ئۇچرتدۇ. ئۇلار ئنسانلار بلەن ياشاشقا ئادەتلنىپ كەتكەن.





كەپتەر ئادەتتە ئۇۋۇلە-
ردا ياشايدۇ، شۇنداقلا
«گۇك ـ گۇك» قلىپ گۇ-
كلدايدۇ.

پوچتا كەپترى نەچچە
كلومېتر يراقلقتن ئۇۋۇد-
سنى تاپالايدۇ.



# چايكا

چايكا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى قىيا تاشلاردا ياشايدۇ. ئۇلار ئاۋازى ئارقىلىق، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدۇ.





ئۇلار بىر توپ بولۇشۇپ
بېلىق تۇتقىلى كەلگەن بېلىق-
چىلارنىڭ كېمىسىدىكى بې-
لىقلاردىن بىر نەچچىنى ئېلى-
ۋېلىش ئۈچۈن، كېمىنى ئاي-
لىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ.



# قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل

ئەتىياز كېلىشى بىلەن، قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل ئېگىز دەرەخ شېخىدا تۇرۇپ سايراشقا باشلايدۇ. ئۇ-نىڭ سايرىغاندىكى ئاۋازى پۈتۈن ئورمانلىقنى بىر ئالىدۇ.





قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇل چاتقاللىققا ئۇۋا سالىدۇ.

ئۇ ئادەتتە ئۇچۇۋاتقاندا كىچىك ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

# تۆمۈرتۇمشۇق ۋە سېرىق چۇمچۇق

باھار يېتىپ كەلگەندە، كىشلەر قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىدىن سىرت، يەنە تۆمۈرتۇمشۇقن دەرەخنى توكۇلداتقان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ.






تۆمۈرتۇمشۇق تۇمشۇقى بىلەن دەرەخ غولىنى توختىماي چوقۇلاپ، ئۇنىڭغا چۈشكەن قۇرتنى تۇتۇپ يەيدۇ.

سېرىق چۇمچۇق قېرى دەرەخ كاۋىكىغا ئۇۋا سالىدۇ.



# ئاق قۇشقاچ

باغۋەنلەر بۇ خىلدىكى كىچىك قۇشقاچنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چۈنكى، ئەتىياز مەزگىلىدە ئۇ دەرەخ شىخىدىكى يۇمران بىخلارنى يەيدۇ.





ئاق قۇشقاچ توپلىشىپ ياشايدىغان قۇشلار تۈرىگە كىرگەچكە، دائىم توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئاق قۇشقاچ ئۈزۈم يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قارلىغاچ

كىشىلەر قارلىغاچلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى، قارلىغاچ باھار ئەلچىسى ھېساب
ىندۇ. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى ھاۋانىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.





قارلىغاچ ئادەتتە تو-
رۇسلارغا ئۇۋا سالىدۇ.



يازنىڭ ئاخىرلىرى،
كۈزنىڭ باشلىرىدا، قارلى-
غاچلار ئىللىق جايغا كېتىپ،
قىشتىن ئۆتىدۇ.

# شاتۇتى

شاتۇتننڭ ئۆمرى ناھايتى ئۇزۇن بولدۇ. بەزى شاتۇتلار 100 ياشقچە ياشيالايدۇ. بەزى شاتۇتلار ئادەمدن گەپ قلشنى ئۆگنەلەيدۇ.





كچك تاغل شاتۇتنى قەپەستە بېقپ كۆندۇرۇش ناھايتى ئاسان.

شاتۇتننڭ بېشى چوڭ، تۇمشۇقى ئلمەك كېلدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تۆگىقۇش

ئۇ تېنى ئەڭ چوڭ قۇش بولۇپ، ئېغىرلىقى 150 كىلوگىرامغا يېتىدۇ. ئۇ قۇش بولسىمۇ، ئۇچالمايدۇ.





ئۇ ئىنتايىن تېز يۈگۈرى-
يەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى
سائەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى
70 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

تۆگىقۇش ئادەتتە تۇ-
خۇمنى توپىلىق ئورەككە
تۇغىدۇ، بىر قېتىمدا 15
ئەتراپىدا تۇخۇملايدۇ.



# پىنگۋىن

پىنگۋىننىڭ كۆرۈنۈشى قۇشقا ئوخشىمىسىمۇ ھەم ئۇچالمىسىمۇ، ئۇ قۇشلار تۈرىگە مەنسۇپ. پەقەت ئۇنىڭ قانىتى تەدرىجىي پالاقچىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن.





ئۇ سۇغا شۇڭغۇپ، بېلىق تۇتۇپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەركەك پىنگۋىن مۇز-لۇقتا ئۆزى يالغۇز تۇخۇم باستۇرۇۋاتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# بۇركۇت

كشلەر بۇرۇن بۇ خل يىرتقۇچ قۇشنى كۆپ ئۇۋلىغان. بۇركۇتنىڭ كۆزى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ يىراقتىكى ئولجىنى كۆرەلەيدۇ.





بۇركۇت ئېگىز تاغنىڭ تىك قىيا ۋە چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ.

بۇركۇت ئوۋ ئوۋلاش ماھىرى. ئۇ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ئولجىنى تۇتىدۇ.



# هۇۋقۇش

هۇۋقۇش كۈندۈزى مۆكۈنۈپ يېتپ، كېچسى سرتقا چقدىغان قۇش بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سېزىمى ئىنتايىن ئۆتكۈر.





هۇۋقۇشنىڭ بېشدا پەيدەك ئىككى قۇلقى بار.

هۇۋقۇش چاشقان، توشقان ۋە يېشل پاقا يېيشنى ياخشى كۆردۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ساقىيقۇش

ساقىيقۇشنىڭ تۇمشۇقىدا ئۈزىراپ قىسقىرالايدىغان خالتىسى بار بولۇپ، بۇ خۇددى بېلىق تورىغا ئوخشاش، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.





بالا ساقىيقۇش ئاپىسىنىڭ ئېغىزىدىن بېلىقنى تېپىپ يەيدۇ.

ساقىيقۇشنىڭ ئىككى چوڭ قانىتى ئىنتايىن كۈچلۈك.



# فلامىنگو

فلامىنگو ئىنتايىن چىرايلىق قۇش. ئۇ ئىللىق جايلاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ تېنىدىكى چىرايلىق قىزىل رەڭ ئۇ يېگەن راك لىچىنكىسى، سەدەپ قۇلۇلىسى قاتارلىق قاسىراقلىق ھايۋانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ تېنىدە قىزىل پىگمېنت بولىدۇ.





فلامىنگونىڭ تېنى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۇچۇشتىن بۇرۇن مەلۇم ئارىلىققىچە يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

فلامىنگو ئىلمەككە ئوخشايدىغان تۇمشۇقى بىلەن راك قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى سۇدىن سۈزۈپ ئالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئاق لەيلەك

تۇمشۇقى سارغۇچ بۇ قۇش قايتىپ كەلگەندە، كىشىلەر باھارنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.





ئاق لەيلەك دائىم ئۆينىڭ تۇرخۇنىغا ئۇۋا سالىدۇ.

يازنىڭ ئاخىرى، كۈزنىڭ باشلىرىدا، ئاق لەيلەك ئىللىق جايغا ئۇچۇپ كېتىپ قىشتىن ئۆتىدۇ.



# ئاق قۇ

بۇ چىرايلىق قۇش كۆل ۋە كۆلچەكتە ياشايدۇ. ئۇ سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، بېلىق ۋە باشقا كىچىك سۇ جانلىقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.





ئەركەك ئاق قۇ ئۇرۇش-قاق كېلىدۇ. ئۇلار ئاسانلا تېرىكىدۇ.

چىشى ئاق قۇ قومۇشلۇق ياكى دەريا قىرغاقلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ.



# تىمساھ

ۋەھشىي ۋە قورقۇنچلۇق بۇ ھايۋان ناھايىتى ھۇرۇن بولۇپ، سۇدا ئولجىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ





تىمساھ بالىسى تۇخۇمدىن چىقىشى بىلەنلا، ئانىسى ئۇلارنى دەرياغا باشلاپ بارىدۇ.

تىمساھ سۇ ئۈزۈش ماھىرى، سۇدا ھېچقانداق تۆۋش چىقارماي ئۈزەلەيدۇ.



# خامېلېئون

ئۇ ئادەتتە دەرەختە ياشايدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى ئەتراپتىكى مۇھىت، تېمپېراتۇرا، شۇنداقلا ئۆزد-
نىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزگىرەلەيدۇ.





خامېلېئوننىڭ تېرە تاشلاش مەزگىلىدە، تېرىسى يېرىلىپ، ئۇششاق ئۇۋۇلىنىپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

خامېلېئون ئۇزۇن تىلى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئۇ تى-لىنى تېز سۈرئەتتە ئۇزارتىپ قىسقارتالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بېگېموت

بېگېموت دەريادا ئارام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلىدۇ، تېخى سۇدا پۇتى بىلە ماڭالايدۇ.





بېگېموت كەچقۇرۇنلۇقى قىرغاقتا چىقىپ، ئوت - چۆپ يەيدۇ.

بېگېموت كۈندۈزدە سۇغا چىلىنىپ يېتىپ، تومۇز ئىسسىقتىن ساقلىنىدۇ.



# كەركدان

ئىنتايىن چوڭ بۇ ھايۋان ئاچچىقلانغاندا ئۇچقاندەك يۈگۈرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولغانلىقتىن، بەزىدە دەرەخكە ئۈسۈۋالىدۇ.





كەركدان قۇش كەر-كداننىڭ تېنىدىكى پارازىت قۇرتنى تۇتۇپ يەيدۇ.

كەركدان ئوتخور ھايۋان. ئۇ ئوت - چۆپتىن سىرت، يەنە دەرەخ يوپۇر-ماقلىرى، دەرەخ شېخى ۋە مېۋە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاھۇ

بۇ ھايۋاننىڭ تېنى ئورۇق ھەم ئۇزۇن، پۇتمۇ ئىنچىكە كېلىدۇ. ئۇ شىر ۋە يىلپىز قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان ئولجىسى.





ئۇلار ئاساسلىق دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەيدۇ.

ئاھۇ تۇيۇقسىز خەتەرگە ئۇچراپ قاچماقچى بولغاندا، ناھايىتى ئېگىز سەكرەيدۇ.



# زېبرا

زېبرانىڭ تېنى يول - يول سىزىق بولۇپ، خۇددى ئاق - قارا يوللۇق كىيىم كىيگەندەك كۆرۈنىدۇ. ھەربىر زېبرانىڭ تېنىدىكى بۇ سىزىقلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.





زېبرالار ئۆزئارا ئېلىشقاندا، ئارقا پۇتى ئارقىلىق ئۆرە تۇرىدۇ.

زېبرا تېنىدىكى يول - يول سىزىقلار ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى نىقابلىيالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# پىل

پىل كۆك كىتتىن قالسىلا، ئەڭ چوڭ ھايۋان. ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، 100 يىلغىچە ياشىيالايدۇ ئەمما، ئىنسانلار ئۇلارنى ئوۋلاپ، ئۇنىڭ چىشىنى يۇلۇۋالماقتا.





پىلنىڭ خارتۇمى خۇددى ئىنسانلارنىڭ قولىغا ئوخشاش ئىنتايىن ياخشى قورالدۇر.

پىل ئۈچۈن سۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلار سۇ ئارقىلىق تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ، پاشىلارنى قوغلايدۇ.



# زىراپە

زىراپە دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز ھايۋان. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. زىراپىنىڭ خەتەرگە يولۇققان چاغدىكى سائەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى 50 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.





ئۇنىڭ پۇتى بەكمۇ ئۇزۇن بولغاچقا، پۇتلىرىنى كېرىپ سۇ ئىچىدۇ.

زىراپە ئۇزۇن بويىنى بىلەن دەرەخ ئۈچىدىكى يۇمران يوپۇرماقلارنى يېيەلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىر

شىرنىڭ «ھايۋانات پادىشاھى» دېگەن نامى بار. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ. بىر شىر توپى ئىچىدە نۇرغۇن چىشى شىر ۋە ئاسلانلىرى، ئىككى ـ ئۈچ ئەركەك شىر بولىدۇ.





ئانا شىر بالىلىرىنى ئوبدان باقىدۇ، يەنە تېخى باشقا شىرنىڭ بالىلىرىغىمۇ قارايدۇ.

ئانا شىر ماڭغاندا ئاسلىنىنى چىشلەپ ئېلىۋېلىپ ماڭىدۇ.



# يىلپىز

يىلپىز گۆشخور هايۋان. ئۇنىڭ تېرىسى چىرايلىق، مۇسكۇللىرى ئىنتايىن ياخشى يېتىلگەن. ئۇنىڭ چىشى ۋە تىرناقلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر.





يىلپىز دۇنيادىكى ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان هايۋان.

قاپلان ئولجىسىنى دەرەخكە ئاچىقىپ ئاستا-ئاستا ئوزۇقلۇق قىلدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆگە

تۆگىنىڭ لوككىسىدا كۆپ مىقداردا ياغ ساقلىنىدۇ. تۆگە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۇدا نەچچە كۈن هېچنې
يېمەي، سۇمۇ ئىچمەي ياشىيالايدۇ.





تاق لوككىلىق تۆگىنىڭ پەقەت بىرلا لوككىسى بولىدۇ.

تاق لوككىلىق تۆگە ئىنتايىن چىدامچان بولۇپ، پۈتۈن بىر كۈن دەم ئالماي يۈگۈرەلەيدۇ.



# قۇملۇق تۆلكسى

قۇملۇق تۆلكسى دۇنيادكى ئەڭ كچك تۆلكە بولۇپ، ئۇنڭ قۇلاقلرى ئۇزۇن، پۇتلرى قسقا ۋە يۇڭلۇق كېلدۇ. ئۇ ئاساسلق قۇملۇقتا ياشايدۇ.





ئۇ كۈندۈزى كامردا يېتپ، تومۇز ئسسقتن دالدلنندۇ.



كېچسى هاۋا سالقنلغاندا، ئوزۇقلۇق تاپقلى چقدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# يولۋاس

يولۋاس قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ۋەھشىي گۆشـ ھايۋان. ئۇ بىر قېتىمدىلا 40 كىلوگرام گۆشنى يەۋېتەلەيدۇ.





بۇ يىرتقۇچ ھايۋان ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن سۇغىمۇ سەكرەپ چۈشىدۇ.

قىش پەسلىدە، سىبىرىيە يولۋىسىنىڭ تۈكلىرى قېلىنلىشىپ، رەڭگى سۇسلىشىدۇ.



# گورىللا ۋە ئورانگۇتان

گورىللا ئىنسانلارغا ئەڭ يېقىن، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋاندۇر.





ئورانگۇتان مېۋە ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئەركەك ئورانگۇتاننىڭ يۈزىنىڭ گۆشى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# باشقا پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلار

كۆپ قىسىم پرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋانلار ئاساسەن تروپىك بەلۋاغ ئورمانلىقىدا ياشايدۇ. ئۇلار مېۋە دەرەخ يوپۇرمىقى ۋە ھاشاراتلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.






بىر قىسىم شىمپەنزىلەرنى مەشىق قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئىقتىدارى ئىككى ياشلىق بالىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

بۇ ئەڭ كىچىك مايمۇن بولۇپ، نەرسىلەرنى قولىدا تۇتالايدۇ.



# چۇمۇلىخور

چۇمۇلىخور ئۇزۇن تۈكلۈك ھايۋان. ئۇ كۈچلۈك تىرناقلىرى بىلەن ئاق چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسىنى ئاچالايدۇ.





ئۇ شىلىمشىق، ئۇزۇن تىلىغا چۇمۇلىنى چاپلاشتۇرۇۋېلىپ ئوزۇقلىنىدۇ.

ئۇ ئۇخلىغاندا تۈكلۈك قۇيرۇقى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋېلىپ ياتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كوئللا

كوئللانىڭ ھەرىكىتى ئاستا، كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





كوئللا سۇ ئىچمەيدۇ. ئۇ ئېۋكالىپت دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى تەركىبىدىكى سۇنىلا سۈمۈرىدۇ.

ئۇ يەنە تېخى دەرەخكە ئېسىلىپ ئۇخلىيالايدۇ.



# كېنگۇرۇ

كېنگۇرۇ خالتىلىق ھايۋان. كېنگۇرۇ بالىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدا چوڭ بولىدۇ.





ئۇلار ناھايىتى ئېگىز سەكرىيەلەيدۇ ۋە تېز يۈگۈرىدۇ. سەكرەش ئېگىزلىكى تۆت مېتىرغا، سائەتلىك يۈگۈرۈش تېزلىكى 80 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

بالا كېنگۇرۇ بەزى چاغلاردا بالا يېتىلدۈرۈش خالتىسىدىن چىقىسىمۇ، بىردەمدىلا يەنە كىرىۋالىدۇ.



# بوغما يىلان

بۇ ئىنتايىن يوغان يىلان كىچىك قۇشلارغا، چوڭراق هايۋانلارغا هۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ يەنە سۇ ئۈزۈش ماهىرى.





بوغما يىلان ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، هايۋانلارغا چىڭ يۆگىشىۋېلىپ، بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

بوغما يىلان باشقا يىلانلارغا ئوخشاش تېرە تاشلايدۇ.





www.uyghurkitap.com

# سۇ يىلىنى ۋە قارا يىلان

سۇ يىلىنى خەتەرلىك ئەمەس. ئەمما، قارا يىلاننىڭ جاننى ئالىدىغان زەھىرى بار. ئۇنىڭ زەھەرلىك سۇ-يۇقلۇقى ئۇزۇن چىشلىرىدا بولىدۇ.





قارا يىلاننىڭ بېشى «V» شەكلىدە بولىدۇ.

سۇ يىلىنى كۆل ياكى كۆلچەكلەردە ياشايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جەنۇبىي ئافرىقا كىچىك بۆكىنى

جەنۇبىي ئافرىقا كىچىك بۆكىنى ئۆچكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىزىنى ئوڭايلىقچە تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئازراقلا شەپىنى تۇيۇپ قالسا، ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىدۇ.





جەنۇبىي ئافرىقا كىچىك بۆكىنى ئاساسلىق ئېگىز تاغلاردا ياشايدۇ.

ئۇ ئىنتايىن چاققان بولۇپ، تاشتىن تاشقا سەكرەپ يۈرىدۇ.



# سۇغۇر

يازدا، تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەر سۇغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدۇ. ئۇ بىر نەرسە يېمىگەن چاغلاردا قانغۇچە ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ.





سۇغۇر بىرەر شەپىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۆڭكۈرىگە قېچىپ كىرىپ يوشۇرۇنۇۋا-لىدۇ.

قىش پەسلىدە، سۇغۇر ئۆڭكۈرىنىڭ ئېغىزىنى چىڭ ئېتىپ، شىرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ.



# ھەسەل ھەرىسى

ھەسەل ھەرىسى توپلىشىپ ياشايدۇ. بىر ھەسەل ھەرىسى توپى ئىچىدە تۇخۇم تۇغۇشقا مەسئۇل بىر ئا
ھەرە ۋە ئاز قىسمىدىكى ئەركەك ھەرىلەر، يەنە ئۇۋىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا توختىماي ئىشلەيدىغان ئىشچى
ھەرىلەر بولىدۇ.





ھەرە باققۇچى ھەرە
ساندۇقلىرىدا ھەسەل ھەرى-
لىرىنى بېقىپ، ھەسەل ئالىدۇ.

ھەسەل ھەرىسى بىر
گۈلدىن يەنە بىر گۈلگە
ئۇچۇپ يۈرۈپ، گۈل چېڭى
ۋە گۈل شىرنىسى يىغىدۇ.



# سېرىق ھەرە

سېرىق ھەرە ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما، سېرىق ھەرىنىڭ بېلى ئىنچىكىرەك كېلىدۇ. ھەسەل ھەرىسىمۇ، سېرىق ھەرىمۇ ئادەم چاقىدۇ.





بىر خىل سېرىق ھەرە بولۇپ، ئۇ كەچ كۈز مەزگىلىدە دەرەخ كامارلىرىغا كۆچىدۇ.



سېرىق ھەرە ئادەتتە باھاردا ئۇۋا سالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# چۈمۈلە

چۈمۈلە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان، سانى ئەڭ كۆپ ھاشارات. ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ، شۇنداقلا ھەربىر چۈمۈلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بولىدۇ.





بەزى چۈمۈلىلەر دەرەخ كۆتىكىگە ئۇۋا سالىدۇ.

چۈمۈلە يىغقان بارلىق نەرسىلەرنى ئۇۋىسىغا يۆتكەپ ئەكىرىدۇ.



# خانقىز

دېھقانلار خانقىزنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى زىياندāش ھاشاراتلارنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، دېھقانلار ھاشارات يوقىتىش دورىلىرىنى ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ.





خانقىزنىڭ «گۈللۈك ئايىم» دېگەن نامى بار. ئۇ كۆكپىت يىپىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

خانقىزنىڭ بىر جۈپ قالقان قانىتى بار بولۇپ، بۇ قاناتنىڭ ئاستىدا يەنە بىر جۈپ نېپىز يۇمشاق قانىتى بار.



# چېكەتكە

چېكەتكە يازدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇ تومۇز ئىسسىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئادەتتە دالىدىكى ئوت - چۆپلۈكلەردە ياشايدۇ.





ياز پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، چېكەتكە تۇپراققا تۇخۇملاپ بولۇپلا، ئۆلۈپ قالىدۇ.



چېكەتكىلەر نەچچە سائەت ئىچىدىلا زىرائەتلەرنى پاك - پاكىز يەۋېتەلەيدۇ.

# تاتلىق سۇ بېلىقلىرى



# تۇزلۇق سۇ بېلىقلىرى



# كىت

كىت دېڭىزدا ياشايدىغان سۈت ئەمگۈچى هايۋان. بەزى كىتلارنىڭ چىشى بار. ئەمما، بۇرۇتى بولمايدۇ. مەسلەن، ئىپار كىت. بەزى كىتلارنىڭ بۇرۇتى بولىدۇ، ئەمما چىشى بولمايدۇ، مەسلەن، كۆك كىت.





ئىپار كىتنىڭ بېشى ناهايىتى چوڭ. ئۇ دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگىمۇ شۇڭغۇيالايدۇ.

كىت دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ سۇ پۈركۈپ، چىرايلىق فونتان هاسىل قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# لەھەڭ

بەزى لەھەڭلەر تولىمۇ ۋەھشىي بولۇپ، ئىنتايىن خەتەرلىك. مەسىلەن، ئاق ئاكۇلا. يەنە بەزى لەھەڭلەر ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. مەسىلەن، كىتسىمان ئاكۇلا.





ئاق ئاكۇلانىڭ چىشلىرى ئۆتكۈر قورال ھېسابلىنىدۇ.

كىتسىمان ئاكۇلانىڭ تېنى ئىنتايىن يوغان بولسىمۇ، كىچىكرەك قاسىراقلىق ھايۋانلارنىلا يەيدۇ.



# دېلفىن

دېلفىن بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ئەقىللىق ھايۋان. ئۇلار ئىنسانلارغا يېقىنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەتتە، ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ، بېلىق ۋە لولىگو بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.





دېلفىن يۇقىرى ماھارەتلىك سېرىكچى بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك سەكرەش ھەرىكىتىنى ئورۇندىيالايدۇ.

ئۇلار دائىم بېلىقچىلار تاشلىغان چوڭ تورلارغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ يەردىن قۇتۇلالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەككىز ئاياغ

سەككىز ئاياغنىڭ سەككىز تال ئۇزۇن ئانتېننىسى بولۇپ، ئانتېننىلارنىڭ يۈزىدە نۇرغۇن شورىغۇچ تەسسى بار. بۇ ئانتېننىلار ھەرىكەتلىنىپلا قالماي، يەنە تېخى ئولجا تۇتالايدۇ.





چىشى سەككىز ئاياغ تۇخۇملىغاندىن كېيىن، تۇخۇملىردنى ئۇۋىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن بالىسى تۇخۇمدىن چىققۇچە بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۇلار ئوزۇقلىنىشنى توختىتىپ، ئاخىر ھەددىدىن ئارتۇق چارچاشتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.



# قاسراقلىق ھايۋانلار



www.uyghurkitap.com

# قۇلۇلسىمان ھايۋانلار



# كۆچمه مۇز ئۈستدكى هايۋانلار

دېڭز پلنڭ بر جۈپ ئۇزۇن هڭگاڭ چشى بار. تيۈلن دۇنيادكى ئەڭ چوڭ دېڭز يلپزى بولۇپ، ئۇنڭ چوڭ بۇرنى ئۇزراپ قسقريالايدۇ.





دېڭز يلپزى قۇرۇقلۇقتا بەكمۇ كالانپاي بولغان بلەن، سۇغا كرگەن هامان، جانلنپ كېتدۇ. ئۇ سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا.

دېڭز پلنڭ هڭگاڭ چشلرى بەكمۇ قاتتق بولۇپ، ئۇنڭغا تاينپ مۇز يۈزگە چقالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# قۇلۇلىسىمان ھايۋانلار



# كۆچمه مۇز ئۇستدكى هايۋانلار

دېڭز پلنڭ بر جۇپ ئۇزۇن هڭگاك چشى بار. تيۇلېن دۇنيادكى ئەڭ چوڭ دېڭز يلپزى بولۇپ، ئۇنڭ چوڭ بۇرنى ئۇزراپ قسقريالايدۇ.





دېڭز يلپزى قۇرۇقلۇقتا بەكمۇ كالانپاي بولغان بەلەن، سۇغا كرگەن هامان، جانلنپ كېتدۇ. ئۇ سۇ ئۇزۇشكه ئۇستا.

دېڭز پلنڭ هڭگاك چشلرى بەكمۇ قاتتق بولۇپ، ئۇنڭغا تاينپ مۇز يۇزگه چقالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئاق ئېيىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سوغۇق شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدۇ. ئۇنىڭ تۈكلىرى تولىمۇ قېلىن، ئۇنىڭ ئاستىدا ياغ قەۋىتى بار. بۇ ياغ قەۋىتى ئۇنى سوغۇقتىن ساقلايدۇ.





شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئاساسلىق دېڭىز يىلپىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ئۇ يوغان پەنجىسى بىلەن ئولجىنى ئۇ- رۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى سۇ ئۈزۈش ماھىرى بولۇپ، كۆپ ۋاقىتلاردا سۇدا يۈرىدۇ.



# شمال بۇغسى

شمال بۇغسى توپلشپ ياشايدغان هايۋان بولۇپ، ئوزۇقلۇق ئۈچۈن هەر يلى كۆپ قېتم كۆچدۇ. چشى شمال بۇغسى ياكى ئەركەك شمال بۇغسى بولسۇن، هەر ئككلسنىڭ مۈڭگۈزى بولدۇ.





شمال بۇغسى بەزى چاغلاردا مۈڭگۈزى بلەن ئوت - چۆپلۈكنى كولاپ ئوزۇقلۇق تاپدۇ.



بۇرۇن كشلەر ئۇزاق مەزگل شمال بۇغسغا چانا سۆرتپ ئشلەتكەن.

# مۈشۈك

كشىلەر ئۆيدە باققان مۈشۈكتىن باشقا، ئورمانلىقتا يەنە نۇرغۇن مولۇن (ياۋا مۈشۈك)لار بار.





مۈشۈك يولۋاس، يىلپىز
قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلار-
غا ئوخشاش مۈشۈك ئائىلە-
سىدىكى هايۋان. ئۆيدە بې-
قىلغان مۈشۈكمۇ ئولجا تۇتۇپ
يەيدىغان تەبىئىتىنى يوقات-
مايدۇ.



# ھەر خىل مۈشۈكلەر



www.uyghurkitap.com

# ئىت

ئىت بۆرىنى كۆندۈرۈشتىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەڭ بۇرۇن بېقىپ كۆندۈرۈلگەن ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.





بەزى ئىتلار ئۆرە تۇرۇپ ھۇجۇم قىلالايدۇ. ئۇ يەنە ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيلەرئارىسىدىن ھايات قالغۇچىلارنى تاپالايدۇ.

بەزى ئىتلار پادىچىغا ياردەملىشىپ قويلارغا قارايدۇ.



# هەر خىل ئىتلار



ئۇيغۇر كىتاب تورى

# تاشپاقا

تاشپاقا قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ۋە دېڭىز تاشپاقىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ئوت چۆپ ۋە دەل - دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى، دېڭىز تاشپاقىسى بولسا دېڭىز چۆپى ۋە مېدۇزا يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.





چىغىناقسىز تاشپاقا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاشپاقىدۇر.



چىشى دېڭىز تاشپاقىسى دائىم بىرلا دېڭىز ساھىلىغا تۇخۇم تۇغىدۇ.














www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: يېڭى بىلىم كۈتۈپخانىسى
— بالىلار بىلىم خەزىنىسى
كىتاب ئىسمى: ئوماق ھايۋانلار
مەسئۇل مۇھەررىرى: شىرئەلى ھۇسەن
كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: داڭ خۇڭ
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/24
باسما تاۋىقى: 4
نەشرى: 2009 - يىل 7- ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 7- ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-940-9
باھاسى: 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى بىلىم كۈتۈپخانىسى
— بالىلار بىلىم خەزىنىسى

# ئوماق هايۋانلار

ISBN 978-7-80744-940-9
9 787807 449409 >
定价：12.00元


